# 334078 - كورونا ۋىرۇسى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى شېھىت ھېسابلىنامدۇ؟

## سوئال

ھازىرقىدەك يۇقۇملۇق ۋىرۇس تارقىلىۋاتقان قېيىن  ۋەزىيەتتە مۇسۇلمان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ھازىرقىدەك يۇقۇملۇق ۋىرۇس سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان كىشى شېھىت ھېسابلىنامدۇ؟. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، بىزنى ۋە سىلەرنى يۇقۇملۇق ۋىرۇسنىڭ شەررىدىن ساقلىسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

 بىرىنچى: مۇسۇلمانىنىڭ مۇشۇنىڭدەك كۈنلەردە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى 334353)- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغان ئىدۇق، بۇ ھەقتە شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

 ئىككىنچى: قانداق كىشىنىڭ شېھىت بولىدىغانلىقى ۋە شېھىتلەرنىڭ تۈرلىرىنى 226242- ۋە 129214- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلدۇق. يۇقۇملۇق كورۇنا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ شېھىتلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىشى تۆۋەندىكى ئىككى يول بىلەن ئۈمىت قىلىنىدۇ:

 بىرى: بۇ يۇقۇملۇق ۋىرۇس ئىنسانىنىڭ ئۆپكىسىنى كاردىن چىقىرىدۇ، ئەگەر ئىنسان بۇ سەۋەپتىن ئۆلۈپ كەتسە، ئۆپكە تۈبىركىلىيۇز كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە قېتىلىدۇ، بەلكى مەرتىۋىسى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولىشى مۇمكىن، چۈنكى تۇبىر كىلىيۇز بولسا ئۆپكىنى يارا قىلىدۇ، بۇ توغرىدا سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«تۇبىركىلىيۇز بىلەن ۋاپات بولغان كىشى شاھادەت مەرتىۋىسنى تاپقۇچىدۇر.»** [تەبرانى رىۋايىتى. ئەبۇ شەيخ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان. شەيخ ئەلباني رەھمەھۇللاھ سەھىھ دەپ"سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" كەلتۈرگەن. ئىمام ئەھمەد راشىد ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىن كەلتۈرگەن. ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھمۇ "پەتھۇلبارىدا "شۇنداق بايان قىلغان. "پەتھۇلبارى" 6-توم 43-بەت].

 راشىد ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ھەققەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنى يوقلاپ كېرىپ: **«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كىملەرنىڭ شېھىت بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟»**دېگەندە، كىشىلەر جىم تۇرۇۋشتى، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مېنى يۆلەپ قويىۇڭلار دېدى، ئۇنى يۆلەپ قويىدى، ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شېھىت دېگەن: سەبىر

قلغۇچى ۋە ساۋاپ ئۈمت قلغۇچى دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: **«ئۆنداقتا مېنىڭ ئۈممتمنىڭ شېھىتلرى ئاز بولۇپ قالدۇ، ئاللاھ يولدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىتتۇر، تائۇن-ۋابا كېسىلدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىتتۇر، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىتتۇر، قورساق ئاغرىقدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىتتۇر، تۇغۇت سەۋەبدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىت بولۇپ، ئۇ ئايالنى بالىسى قولدىن يېتىلەپ جەننەتكە ئېلىپ كېرىدۇ»** دىدى.

بەيتىل مۇقەددەسنىڭ مۇتەۋەللىسى ئەبۇ ئەۋۋامىنىڭ رىۋايىتىدە: **«ئۇتتا كۆيۈپ ئۆلگەن ۋە سۇدا غەرىق بولۇپ ئۆلگەن كىشمۇ شېھىت»** دەپ بايان قىلىنغان.

مەناۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سەيل" بولسا سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەننى بىلدۈرىدۇ، "سل" بولسا ئۆپكە تۇبېركىلىيۇز بىلەن ئۆلگەننى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ". ["پەيزۇلقەدىر" ناملىق ئەسەر 4-توم 533-بەت].

مۇسنەدنى تەھقىق قىلغۇچىلار 25-توم 380-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ھەممە نۇسخىلىرىدا"سەيل" دەپ كەلگەن بولۇپ، مەنىسى سۇغا غەرق بولۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ "پەتھۇل بارى"6-توم 43-بەتتە بۇنى"سل" دەپ كەلتۈرگەن. بۇنىڭ مەنىسى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تۇبېركىلىيۇز كېسىلىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداق بولغاندا تائۇن-ۋابا كېسلى بىلەن ئۆلگەنلەرمۇ شېھىتلەرنىڭ قاتارىغا كېرىدۇ".

يۇقىرىدا" **«تۇبېركىلىيۇز بىلەن ۋاپات بولغان كىشى شېھىت»**دېگەن ھەدىس بايان قىلىندى.

مەناۋىي رەھمەھۇللاھ"پەيزۇلقەدىر" ناملىق ئەسەر 4-توم 145-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "تۇبېركىلىيۇز بىلەن ۋاپات بولغان كىشى شېھىت ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنچىكە قىزىتما بىلەن ئۆپكىنىڭ يارا بولۇپ ۋاپات بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر".

ئىككىنچىسى: يۇقۇملۇق كورونا ۋىرۇسى ئىنساننىڭ جىگەر ياكى بۆرىكىنى كاردىن چىقارسا، ئۇ كىشى شۇ سەۋەپتىن ئۆلۈپ كەتسە، قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: **«شەھىدلەر بەش تۈرلۈك بولىدۇ: تائۇن-ۋابا كېسلى بىلەن، قورسىقى ئاغرىش بىلەن، سۇغا غەرق بولۇش بىلەن، تام بېسىۋېلىش بىلەن ئۆلگەنلەر ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شەھىد بولغانلار»**. [بۇخارى رىۋايىتى 2829-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1914-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ:" قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن دېگەن: ئىچى سۈرۈلۈپ ئۆلۈپ كېتىش دېمەكتۇر، قازى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قورساق ئاغرىقى دېگەن: ئىچى

سۈرۈش ۋە قورسقى ئىششىپ قىلىش دېمەكتۇر، بەزى ئۆلىمالار: مۇتلەق قورسىقى ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىش دېمەكتۇر دەيدۇ".

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "ھەدىستە: "مەبتۇن" يەنى قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن كىشى شېھىت دەپ بايان قىلىنىپتۇ، جىگىرى كاردىن چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىمۇ قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەبتۇن" دېگەن سۆزنى بەزى ئۆلىمالار: قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن كىشى دېگەن، بۇنىڭغا كۆرە قورسىقى قايسى شەكىلدە ئاغرىپ ئۆلگەن بولسا، شېھىت بولىدۇ دېمەكتۇر، شۇنىڭدەك جىگىرى كاردىن چىقىپ ئۆلگەن كىشىمۇ قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ جۈملىسىدىن بولىشى مۇمكىن". [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ:دەۋەت ژورنىلىدىكى پەتىۋالىرىدىن ئېلىندى"].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: ھازىر تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق كورۇنا ۋىرۇسى بىلەن ۋاپات بولغان كىشىنىڭمۇ شېھىتلەرنىڭ قاتارىدىن بولىشى ئۈمىت قىلىنىدۇ.

بىز يۇقىردا 333763-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغاندەك، شۇنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، ھازىر تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق كورۇنا ۋىرۇسى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى تائۇن-ۋابا كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالادىن بىزدىن بۇ يۇقۇملۇق ۋىرۇس بالاسىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى، بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى سالامەت قىلىشنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.